ئىستىلنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىش ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

تەلەي سىناش پىسخىكىسىنى قەتئىي يېڭىپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا ياخشى تۇتۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەسىلە يۆنىلىشى، ئۈنۈم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەم - كوتىسىز ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىپ ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. بىرىنچىدىن، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەپ چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات بولۇش، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، ئۇرۇش ۋاقتى ھالىتىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان، يۇقىرى - تۆۋەن ھەمكارلىشىدىغان، ئاخىرىغىچە ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئايلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇيرۇق ئېنىق بولۇش، ئىجرا جايىدا بولۇش، ماسلىشىش كۈچلۈك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەپ چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك. بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئورۇن ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش كېرەك. قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى تەسىس قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، دوختۇرخانىغا كىرگەندە ئالدىن تەكشۈرۈش، ئايرىپ دىياگنوز قويۇشنى كۈچەيتىپ، «قاراۋۇل» ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش؛ كۈندىلىك داۋالاش مۇلازىمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، مۇداپىئە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىش يۈز بېرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش؛ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىلغار تەكشۈرۈش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش؛ مەھەللە ۋە يېزا باشقۇرۇش تورىنى زىچ توقۇپ، پۇختا توقۇپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە ھالدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققانلارنى پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇپ، ئايرىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئايرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، تۇرمۇش كاپالىتى، ساغلاملىقنى سەييارە تەكشۈرۈش ۋە پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىش؛ «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش؛ مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەپ چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك. خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تۈرلۈك سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاشلىق» «كۆك - تاۋاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توشۇش «يېشىل يولى»نى ئېچىپ، كۆكتات، مېۋە - چېۋە، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش زۆرۈر لازىمەتلىكلىرى تەمىناتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش ۋە زۆرۈر ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىشلارنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، تەشۋىقات، يېتەكچىلىكنى كۈچەپ چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك. يۇقۇم مۇداپىئە بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، سىياسەت، تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، يېشىپ چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاۋامنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش؛ يۇقۇم ئۇچۇرى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇش؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلار ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، قەلبنى ئىللىتىش، خەلقنى مايىل قىلىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قانچە ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كەلگەنسېرى، ئىستىلنى ياخشىلاشنى شۇنچە قاتتىق تۇتۇش، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى شۇنچە قاتتىق تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى، پارتىيە، ھۆكۈمەتلەردىكى بىرىنچى قول رەھبەرلەرنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتى، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولىدىغان رەھبەرلەرنىڭ بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى، ئورۇنلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، ساھە، تارماقلارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، ئائىلە ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەرىجىمۇدەرىجە تۇتۇش، قاتلامۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، بىر قېتىمدىلا ئۈزۈل - كېسىل تاماملاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، قاراڭغۇ رايون قالدۇرماسلىق، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق، بوشلۇق قالدۇرماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. روشەن يۆنىلىش تۇرغۇزۇپ، ئەمەلىي پائالىيەتتە گەۋدىلىك بولغانلارنى تەقدىرلەپ، مۇكاپاتلاپ، دادىل ئىشلىتىش؛ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، قىلىدىغانىنى قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلغان، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچقان، مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش - تارتىش قىلغانلارغا قارىتا، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىقنى تارتىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى چوڭ جەڭدە، چوڭ سىناقتا ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە، لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش شۇجىسى يولداش لى كېپياۋنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بىئارام بولدۇم، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن سىزگە ھەم سىز ئارقىلىق ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى، ۋيېتنام ھۆكۈمىتى، ۋيېتنام خەلقىگە يولداش لى كېپياۋنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنتايىن قايغۇلۇق تەزىيەدە بولغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن، يولداش لى كېپياۋنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن.

يولداش لى كېپياۋ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە دۆلىتىنىڭ پېشقەدەم كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى، ئۇ ۋيېتنام خەلقىنى يېتەكلەپ ۋيېتنامنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. يولداش لى كېپياۋ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلقىنىڭ يېقىن يولدىشى ۋە دوستى، «ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، قوشنا دۆلەتلەر ئىناق - دوستانە ئۆتۈش، ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىش»تەك جۇڭگو - ۋيېتنام مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان.

جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - ۋيېتنام ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ۋيېتنام تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - ۋيېتنام ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. ئىشىنىمەنكى، يولداش باش شۇجى باشچىلىقىدىكى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ۋيېتنامنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز ھەرقايسى جايلاردىن يۇقۇم مەزگىلىدە شەھەر - يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت پۇلى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى بېقىش پۇلى، يېتىم بالىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى ھەم قىيىنچىلىقى بار مېيىپلەر تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىما پۇلى ۋە ئېغىر مېيىپلەر پەرۋىش ياردەم تولۇقلىمىسىنى جەزمەن ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىشنى تەلەپ قىلدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېڭىدىن يۈز بەرگەن يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ھەرقايسى جايلارغا 7 -، 8 - ئايلىق شەھەر - يېزىلاردىكى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى بېقىش پۇلىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تارقىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

يۇقۇمنىڭ تەسىرى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئەمەلىيىتىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ۋە كاپالەت ئۆلچىمى بىلەن مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى باغلاش بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمىنى ۋاقتىدا قوزغىتىپ يولغا قويۇپ، جەمئىي 63 مىليون 762 مىڭ يۈەن باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە بولغان باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمىنى يەنە بىر ھەسسە ئۆستۈردى ھەم تۇنجى قېتىم يېتىم بالىلارنى ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، تۆۋەن كاپالەتلىك، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار، يېتىم بالىلار قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا 4 مىليون 467 مىڭ ئادەم قېتىم نەپ يەتكۈزۈپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كەلتۈرگەن پايدىسىز تەسىرىنى ئۈنۈملۈك تۈگەتتى.

خەلق ئىشلىرى بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتلىرىنى ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشتىن سىرت، ئاپتونوم رايونىمىز قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئاساسىي تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن ئاممىغىچە كېڭەيتتى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىش ئورنىغا قايتىشقا، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالغان، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ھەم سۇغۇرتىغا قاتناشمىغان ئىشسىزلارغا بىر قېتىملىق ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش پۇلى تارقىتىپ بەردى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە ئامالسىز قالغان، كىرىمى يوق، تۇرمۇش مەنبەسى يوق، ئاساسىي تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شەھەر - بازارلاردىكى يەرلىك نوپۇستىكى ئائىلىلەرنى ۋاقتىدا ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ھەربىر ئادەمگە ھەر ئايدا 450 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە ياردەم پۇلى بەردى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەتنى يولغا قويۇپ، جەمئىي 38 مىڭ ئائىلىگە 100 مىڭ ئادەم قېتىم قۇتقۇزۇپ - ياردەم بېرىپ، 44 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ تارقاتتى.

قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ يۇقۇم سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تاسادىپىي، ۋاقىتلىق تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئارىلىشىش، بالدۇر قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرمۇشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئائىلە ۋە شەخسلەرنى (نوپۇسى شۇ جايدا بولمىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش دائىرىسىگە ۋاقتىدا كىرگۈزۈپ، ئىلگىرى پەقەت نوپۇستىكى ئاھالىلەرگىلا ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرىدىغان توسالغۇنى بۇزۇپ تاشلىدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە جەمئىي 390 مىليون يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش مەبلىغى تارقىتىلدى، 1 مىليون 380 مىڭ ئادەم قېتىمغا ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قانات يايدۇرۇلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

خەۋەرلىشىشنى كاپالەتلەندۈرۈش قوماندانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدە، شۆھرەت زاكىر ئورۇننىڭ يېپىق ھالەتتىكى يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم تور خەۋەرلىشىش كەسپىدىكى خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تور خەۋەرلىشىشى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇچۇرغا ئېرىشىشى، جەمئىيەت ئالاقىسىدىكى مۇھىم يول ھەم تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش، يۇقۇمنىڭ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم ئۇچۇر ۋاستىسى. تور خەۋەرلىشىش تارماقلىرى دەل جايىدا كۈچەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات سۈپىسىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، تەھلىل قىلىش، ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش، بايلىق مەنبەسىنى تەڭشەپ تەقسىملەش قاتارلىق جەھەتلەردە تىرەكلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. يۇقۇم مەزگىلىدىكى ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىشنى كۈچەيتىپ، نوپۇزلۇق ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاشكارا، ئوچۇق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك. ئەلا سۈپەتلىك تور پروگراممىلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئائىلىدە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسى ئاساسلىقى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى، مەخپىي خەۋەرلىشىش، تېز يوللانمىلارنى ئىچكى قىسىمدا بىر تەرەپ قىلىش ۋە توشۇش، يەتكۈزۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. شۆھرەت زاكىر يۇقۇم مەزگىلىدىكى باشقۇرۇش، يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پوچتا مۇلازىمىتى ماددىي ئەشيالارنى توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈشتىكى مۇھىم يول، پوچتا تارماقلىرى پوچتا يوللانمىلىرىنى ئىلمىي دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي پوچتا يوللانمىلىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇم مەزگىلىدە مۇلازىمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا، سۈپەتنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار پوچتا تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىنى كۈچلۈك قوللاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش شارائىتىدا يوللانما يەتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى ياخشىلاپ، پوچتا يولىنىڭ راۋان بولۇشى، يەتكۈزۈشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۈجيۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

لېكىن قايتىما مەبلىغىمىز بۇ ساندىن خېلىلا تۆۋەن. يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، كېيىنكى ئىنچىكە پىششىقلاش ھالقىلىرى ۋاقتىدا يېتىشىپ ماڭالمىدى، بۇنىڭ بىلەن سېتىشىمىز تېخىمۇ قىيىنلاشتى» دېدى فېيىك جېيەنشىن.

دەرھال مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ، يەم - خەشەكنى يۆتكەپ توشۇش كارخانىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي قىيىنچىلىقى بولۇپ قالدى. ھالبۇكى كوئېنلۇن لۈيۈەننىڭ كەسىپ زەنجىرى ئۇزۇن، سالغان مەبلىغى كۆپ بولغاچقا، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتە رەنە بۇيۇمى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى خوتەن شۆبە بانكىسى بۇ شىركەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پىكىر يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، زاكازلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كارخانىغا 160 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى. «ھېلىمۇ ياخشى بىز ئۇزاقتىن بۇيان توپلىغان خېرىدارلارنىڭ نۇرغۇن زاكازى بار ئىدى، بىز زاكازلارنى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىغا رەنىگە قويۇپ، مەبلەغقە ئېرىشىپ، جىددىي قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلدۇق» دېدى فېيىك جېيەنشىن.

يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇل جەھەتتىن قوللىشى بىلەن، كوئېنلۇن لۈيۈەن كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. فېيىك جېيەنشىن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، كارخانىمىز يەم - خەشەك، ئېشەك سۈتىنى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، سوغۇق زەنجىرى توشۇش ئاپتوموبىلى ۋە غاز چۈجىسى، بوجەن تارقىتىش - توشۇش ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈرۈشلۈك ئەسلىھەلىرى ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، كەسىپ تەتقىقات تۈرىنى قوزغاتتى، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى تارقاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ شىركەتنىڭ باقمىچىلىق كۆلىمى 2 مىليون دانە توشقان، 2 مىليون 400 مىڭ دانە غاز، 6000 تۇياق ئېشەك، 20 مىڭ تۇياق قويغا يەتتى. «كېيىنكى قەدەمدە، كارخانىمىز باقمىچىلىق كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئىستراھەت يېمەكلىكلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش كەسىپ زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، شىركەتنى بالدۇرراق 1 -، 2 -، 3 - كەسىپ يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرغان كارخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز» دېدى فېيىك جېيەنشىن.

[سىياسەت] بۇ يىلدىن بۇيان، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش مەخسۇس تەكرار قەرز پۇلى، تەكرار دىسكونت، ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا ئومۇميۈزلۈك مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بىلەن قوللاش پىلانى قاتارلىق كۆپ خىل پۇل سىياسىتى قورالىدىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىپ، تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، بانكا كەسپىنى قەرز پۇل تارقىتىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشقا يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تولۇق مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

[ئەمەلىيلەشتۈرۈش] 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 تىرىليون 190 مىليارد يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.8% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنقى ئالتە ئايدا جەمئىي 49 مىليارد 623 مىليون يۈەن تۈرلۈك قەرز پۇل تارقاتتى، بۇ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 123.5% ئېشىپ، تارقىتىلغان سومما پۈتۈن سىستېما بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئەمەلىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دەل جايىدا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

زاكازلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى 2018 - يىلى 5 - ئايدا ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر خىل يېڭى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسى بولۇپ، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 738 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. «ئىلگىرى رەنىلىك قەرز پۇل ئېلىش ئۈچۈن، يېتەرلىك رەنە بۇيۇمى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن نۇرغۇن كارخانا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ رەنە بۇيۇمى يېتىشمەيتتى، ھەتتا قويغۇدەك رەنە بۇيۇمىمۇ يوق ئىدى. زاكازلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتە، كارخانىلارنىڭ زاكازى بولسىلا مەبلەغ يۈرۈشتۈرەلەيدۇ، قەرز بېرىش سۈرئىتى تېز، رەسمىيىتىمۇ ئاددىي، بۇ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئىنتايىن ماس كېلىدىغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش شەكلى» دېدى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى دۇ يەنكۈن.